## 180492 ـ شەرئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان دەم سېلىش بەزى ۋاقىتتا زىياننىڭ ھاسىل بولىشىغا سەۋەپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

---

### سۇئال

دەم سېلىشنى بىلمەيدىغان بىر ئايال ئېرىغا دەم سىلىپ قويىدى، كېيىن ئۇ ئايال كېسەل بولۇپ قالدى، سالما ۋە پاتمۇچۇقا ئوخشاش نەرسىلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى، كېيىن ئۇ ئايالنى يولدىشى تالاق قىلىۋەتتى، بىلمەي تۇرۇپ دەم سالغاننىڭ ئۇ ئايالغا تەسىرى بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ دەم سىلىپ ئوقۇغىنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئۇيغۇن، شەرئەتتە كۆرسىتىلگەن دەم سىلىش ئۇسۇلى بويۇنچە دەم سىلىپ پاناھلىق تىلەش بولسا شەرئەتتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى بىلەن بېكىتىلگەن. بۇنىڭ ھېچ زىيىنى يوق، بەلكى بۇنداق قىلىش يوللۇق، بۇنىڭ ئۇ ئايال ئۆچۈن يۈز بەرگەن ئىشلار بىلەن ئالاقىسى يوق. بۇنىڭ ئۆچۈن 3476 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئەمما ئۇ ئايالنىڭ ئوقۇغىنى شەرئەتتە كۆرسىتىلمىگەن بىدئەت ۋە شېرىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەم سىلىش بولسا، بۇنىڭ بىمارغا پايدىسى بولمايدۇ ئەكسىچە بۇ دەم سالغۇچى ۋە سالدۇرغۇچىغا زىيىنى يېتىدىغان توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن دەم سىلىش ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ دەم سالغۇچى ياكى دەم سالدۇرغۇچىدىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ بىرىدە بىدئەت ۋە شېرىكنىڭ تۈرلىرى بولۇپ قالسا شۇنداق بولىدۇ.

پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام دەم سالغاندا شېرىك سۆز ۋە مەنىسى بىلىنمەيدىغان سۆزلەر بولمىغان ئەھۋالدا، قۇرئان، زىكىر ۋە دۇئالار بىلەن دەم سېلىشقا رۇخسەت قىلغان، بۇ توغرىدا ئەۋپ ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە رۇقىيە ئوقۇپ دەم سالاتتۇق، بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ بۇنداق قىلغىنىمىز توغرىمۇ؟دېدۇق، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام: «دەم سالغان رۇقىيە دۇئالىرىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار؟ئەگەر ئۇنىڭ تەركىبىدە شېرىك سۆزلەر بولمىسا توغرا بولىدۇ» دېدى. [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئۆلىمالار رۇقىيە ئوقۇپ دەم سىلىش يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بويىچە بولسا ۋە بۇنىڭ پەقەت بىر سەۋەپ ئىكەنلىكى، پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن تەسىرى بولىدىغانلىقىنى ئېتىقاد قىلىش بىلەن دەم سالسا توغرا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. ["دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى" 1–توم 244–بەت].

شەرئەتتە كۆرسىتىلمىگەن رۇقىيە دۇئالىرىنى ئوقۇپ دەم سالغان كىشى بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، شەرئەتتە يولغا قويۇلغان ۋە سۈننەتتە بايان قىلىنغان رۇقىيە دۇئالىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك.

شەرئەتتە كۆرسىتىلگەن رۇقىيە دۇئالىرىنى ئوقۇپ دەم سالسا، بۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن شىپا تېپىشقا سەۋەپ بولىدۇ، ئەمما شەرئەتتە كۆرسىتىلمىگەن رۇقىيە دۇئالىرى بىلەن دەم سىلىش بولسا بەزى ۋاقىتتا ئىنسانغا بالا_مۇسىبەت، قىيىنچىلىقلارنىڭ يېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:  وَمَا أَصَابَكُمْ مِنْ مُصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُو عَنْ كَثِيرٍ تەرجىمىسى: «سىلەرگە(يەنى جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا)ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ(ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)» [سۈرە شۇرا 30–ئايەت].

ئۇ كىشى ئۈچۈن يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ھەقىقىتى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ، ھېچ كىشى ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىغا كەسكىن ھۆكۈم قىلالمايدۇ، يەنى بۇ ئىش نېمە ئۈچۈن بولدى؟، رۇقىيە ئوقۇش سەۋەبىدىنمۇ؟ ياكى باشقا سەۋەپتىنمۇ؟ياكى ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن بالا_مۇسىبەتمۇ؟ بۇنى بىلمەيدۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان بارلىق خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشى كېرەك بولىدۇ، ئىنسانغا يېتىدىغان بارلىق مۇسىيبەتنىڭ يىلتىزى ئۇنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقىدۇر، ئىنسان ئۆزىگە يەتكەن زىيان_زەخمەت ۋە ئەزىيەتلەرنى يوق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلاج قىلىش ئۈچۈن شەرئەتتە كۆرسىتىلگەن رۇقىيە دۇئالىرنى ئوقۇپ دەم سىلىش ۋە داۋالىنىشنىڭ سەۋەپلىرىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە ئاللاھقا بەك ئېھتىياجلىق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دائىم ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرۇشى، ئەتتىگەن_كەچتە، ئۇخلىغاندا، كىيىم كىيگەندە، ئۆيگە كىرگەن_چىققاندا ۋە باشقا ھالەتلەردە ئوقۇشقا تېگىشلىك بولغان زىكىرلەرنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىشى كېرەك، ئىنسان شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ھەممىدىن بەكرەك ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش ئارقىلىق ساقلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.